دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرى بىردەك مۇنداق بىلدۈردى:
ئىشىنىڭ يولىنى بىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرىمىز ——

# ۋەتەننى چىن قەلبتىن سۆيۈشنى ۋەتەنگە سەممىي جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىمىز

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرى بۇنىڭدىن چەكسىز غەزەپلىنىدىغانلىقى، ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسىيالمايدۇ، كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرى «پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش» بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلەيمىز.

«ئامېرىكا تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتۇر. بۇنىڭغا قارىتا، ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر پەرھات ھېزىم مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، تۈرلۈك مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى جايىدا ئەمەلىيلىشىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشقا تەربىيەلەپ ۋە يېتەكلەپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئىشىنىڭ يولىنى بىلىش، راست ـ يالغاننى ئايرىشقا يېتەكلەپ، ۋەتەننى چىن قەلبتىن سۆيۈشنى ۋەتەنگە سەممىي جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى.

يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىم كۆپ قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان بارلىق رەزىل سۇيىقەستلەرنى بىتچىت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. «ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى، ئۇلار ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇنچىللىقنى دەپسەندە قىلغانلىق» دېدى قەيسەر ئابدۇكېرىم غەزەپلەنگەن ھالدا.

«ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلمىشى ئاخىر ئۆزىنى شەرمەندە قىلىدۇ!» قەشقەر داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ياقۇپ تۇردى مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەممىگە ئايان، «ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر، ئالىي مەكتەپ مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشقا قەتئىي، كەسكىن ‹ياق› دەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايمەن، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى قوغدايمەن».

ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئىمامھەسەن ئابلىكىم مۇنداق دېدى: مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش، دوكتورلۇقتا ئوقۇشنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنىڭ مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدۇم، «بىز ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى ھېس قىلالايمىز، بۇ گۈزەل دەۋردە ياشىغانلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمىز ۋە پەخىرلىنىمىز. بىزنىڭ تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا بىز كۈچلۈك قارشى تۇرىمىز».

«مەن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش خىزمىتىدە پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ھەرىكىتىم ئارقىلىق پارتىيەگە، ۋەتەنگە، مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىمنى بىلدۈرىمەن» دېدى ئىلى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن يۈەنجاڭ مۇنەۋۋەر ئەزىمەت.

# شىنجاڭنى داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، ياخشى گۈللەندۈرىمىز

**□ خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق باش كاتىپى يالقۇن ئابدۇرېھىم**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى قوش ئۆلچىمى ۋە زومىگەرلىك قىلمىشىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. پىنسىيەگە چىققان پېشقەدەم ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش، يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق، دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگە، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. ھازىر، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئالاقىدار تەدبىرلەردە ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

2018 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى، ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 70 تۈركۈمدىن ئارتۇق تۈرلۈك چەت ئەل ئۆمەك ـ گۇرۇپپىلىرىدىن جەمئىي 1000دىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ گۇۋاھ بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى.

ئەمما ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلەپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان بىر قاتار گەپ ـ سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، جېنىنىڭ بارىچە شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئەڭ ئايان، شۇنداقلا ئۇلار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، تۈرلۈك ئىشلاردا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، پەقەت 2014 ـ يىلدىن بۇيان 3 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادالەت كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن پۇختا مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەممىگە ئايان. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمى ۋە كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش نەتىجىلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى جاھىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ چىقارغانلىقى ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى يامان غەرەزدە بىر ئىشنى باھانە قىلىپ گەپ تاپىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭنى داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى سىجىل ساقلىشىمىزنىڭ ئۆزى، دەل سەۋەبسىز ئىش تېرىغانلارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربىدۇر.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى كېلەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېچىش قارار قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق مەخسۇس زايومنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن نورمىسىنى مۆلچەردىن بۇرۇن چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قورغاس شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى لايىھەسى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى نۇسخىسى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئايرىم ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا تەيىننامە تارقىتىلدى ھەم ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى پات ئارىدا ئېچىلىدۇ، مەسئۇلىيەت ئېغىر ۋە بۇرچ ئېغىر، كۈچەيتىپ، بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىننى ياخشى ئېچىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەگىلىك سىيىت، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 77 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان تەكلىپلەر قارار قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسماقچى بولغانلىقى، بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چوتنى خاتا سوققانلىق!

شىنجاڭنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكى، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىدىكى قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقى ھەققىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ تەسىراتقا ئىگە. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ بىر قاتار شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغانلىقى، پاكىتقا پەرۋا قىلمىغانلىقى يامان نىيەتلىك جاھىل خاراكتېرلىك بىر تەرەپلىمە قاراش، يامان نىيەتتە تالالاشچان كور بولۇۋېلىشتۇر.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورىنىۋېلىپ، بىمەنە سەپسەتە تارقىتىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلدى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك سادا ئاۋازى ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل، ئىناق، مۇقىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇقىملىقنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى.

يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ياپالمايدۇ. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، ھەتتا ئىغۋا توقۇپ تۆھمەت قىلدى. ئەمما پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى، شىنجاڭدا ھازىر 28 مىڭدىن ئارتۇق دىنىي سورۇن بار، بۇ 24 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 530 مۇسۇلمان ئاممىسىغا بىردىن مەسچىت توغرا كېلىدۇ؛ ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت گۈللەندى، راۋاجلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، راۋاجلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى ئامېرىكا تەرەپنىڭ تۆھمەت قىلىپ، قارا چاپلىغانلىقىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 91 دۆلەتكە ئالاقىدار 70 تۈركۈمدىن ئارتۇق ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1000دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ بەس ـ بەستە تەرىپلىدى. بۇ يىل 3 ـ ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىدى. 7 ـ ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا ئىجابىي باھا بەردى. 10 ـ ئايدا، 60 نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 ـ كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە قۇسۇر تېپىشى پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

پارتىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاش، ئاساسسىز ئارىلىشىش قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بۇ يەردە مەن شۇنداق تەنتەنىلىك ۋەدە بېرىمەنكى: ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە قوللانغان بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، قەلبداش بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىمەن؛ ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ئۆزۈمدىن باشلاپ، كىچىك ئىشتىن باشلاپ، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىمدىن باشلاپ، ئۆز ئەۋزەللىكىم ۋە تەسىر كۈچۈمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلىق رولۇمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىمەن.